# ئەڭ ئېھتىياجلىق جايدا ياشلىق باھارىنى پۈتۈش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«شىنجاڭنىڭ مۇرەككەپ گېئولوگىيەلىك قۇرۇلمىسى بايلىق چارلاش قۇرۇلۇشى كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەڭ ياخشى دەرسلىك.» كەسپىي بىلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدىكى غايەت زور يوشۇرۇن كۈچنى كۆرۈپ يەتتى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ نەگە بېرىشى كېرەكلىكىنى بىلدى.

داشۆنىڭ 3 ـ يىللىقىدا كارخانىدا ئىشلەپچىقىرىش پراكتىكىسى قىلغان ۋاقىتتا، دىڭ گۈيياڭ شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتىنىڭ نېفىت ئېلىش مەشغۇلات رايونى، چارلاش ـ ئېچىش تەتقىقات يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىشنى تاللىدى، بۇ ھەم ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز يۇكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى، شۇنداقلا ئۆزى كۆڭلىگە پۈككەن سەھنىگە تېزدىن قەدەم بېسىشنى تەخىرسىز ئۈمىد قىلغانلىقىدىن ئىدى.

«شىنجاڭ دۆلەتنىڭ مۇھىم ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە بازىسى، بايلىق مىقدارى زور، بۇ يەردە، مەن ئۈچۈن كەڭ تەرەققىي قىلىش بوشلۇقى بار.» دىڭ گۈيياڭ مۇنداق دېدى: شىنجاڭدا قېلىپ، دۆلەت ئۈچۈن كان بايلىقىنى چارلاشتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك بۇرچنى زىممەمگە ئېلىشنى خالايمەن.

قاراماي مەكتەپ رايونى نېفىت قۇرۇلۇشى شۆبىسىنى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ۋاڭ لياڭجې ئىشقا ئورۇنلىشىشتىن ئىبارەت كىشىلىك ھاياتىدىكى بۇ كۆپ تاللاش سوئالىنى يەككە تاللاش سوئالىغا ئايلاندۇردى.

بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى دەۋردە غەربىي قىسمىنى كەڭ ئېچىشتا يېڭى ئەندىزە شەكىللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرى» ئېلان قىلىندى، غەربىي قىسمىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغ مەنزىرىسى ۋاڭ لياڭجېنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

«بىر ئادەمنىڭ تاللىشى دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقاندىلا، ئاندىن تېخىمۇ قىممەتلىك بولىدۇ» دېدى ۋاڭ لياڭجې.

ئاخىرىدا، ئۇ دىڭ گۈيياڭغا ئوخشاش، شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتىدە يىلتىز تارتىشنى تاللىدى. قاراماي مەكتەپ رايونىدا، 118 نەپەر ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى شىنجاڭدا قېلىپ ئاساسىي قاتلامدا خىزمەت قىلىشنى قارار قىلدى.

قېپقېلىپ ھەم يىلتىز تارتىپ، تىرىشىپ چوڭ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىگە ئالالايدىغان غەربىي قىسىم قۇرغۇچىلىرىدىن بولۇش ئۇلارنىڭ ئورتاق تاللىشى.

## ۋارىسلىق قىلىش مەڭگۈ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدىغان روھ

1955 ـ يىلى 7 ـ ئايدا 36 نەپەر ئىشچىدىن تەشكىللەنگەن ياشلار بۇرغىلاش ئەترىتى قارامايغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قاراماي 1 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقتىن سانائەت نېفىتى ئېتىلىپ چىقىپ، دۆلىتىمىزدىكى بىرىنچى چوڭ نېفىتلىك قاراماي نېفىتلىكىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر شەھەرمۇ نېفىت سەۋەبىدىن بارلىققا كەلدى.

ھەر قېتىم قاراماي كۆرگەزمىخانىسى(مۇزېيى)نى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، بۇ تارىخنى ئەسلىگەندە، چېن تېڭخۇينىڭ كۆڭلى ھاياجانغا تولىدۇ.

ئاشۇ قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرغان يىللاردا، سانسىزلىغان ياش نېفىتچىلار تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، بوز يەر ئېچىپ، نېفىتنى قىدىرىپ تەكشۈرۈپ، نېفىت ئېلىپ، چۆل ـ جەزىرىلەردە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، ياشلىق باھارىنىڭ گۈللىرىنى باشقىچە پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرغانىدى.

«مەن شىنجاڭلىق، مەن ئىزچىل يۇرتۇم تۈپرىقىنىڭ بۇ تارىخىدىن پەخىرلىنىمەن!» چېن تېڭخۇي قاراماي مەكتەپ رايونىنىڭ ماشىنىسازلىق لايىھەلەش ـ ياساش ھەم ئاپتوماتلاشتۇرۇش كەسپىنى پۈتكۈزگەن، ئۇنىڭ يۇرتى بورتالا شەھىرى.

شىنجاڭدا ئون نەچچە يىل ئوقۇش جەريانىدا، چېن تېڭخۇي شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ قاتنىشىشىغا موھتاج ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى نىسبەتەن كەمچىل بولغاچقا، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى مائارىپقا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتكەن.

«شۇ چاغدىن باشلاپ ئۆزۈمگە مۇنداق نىشان بېكىتتىم، كېيىن قەيەردە داشۆدە ئوقۇشۇمدىن قەتئىينەزەر، شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلىمەن، چۈنكى بۇ مېنىڭ يۇرتۇم» دېدى چېن تېڭخۇي.

داشۆنىڭ 1 ـ يىللىقىدىكى يازلىق تەتىلدە، چېن تېڭخۇي تارىم نېفىتلىكى يازلىق تەتىللىك جەمئىيەت ئەمەلىيىتى ئۆمىكى پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، تارىم نېفىتلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نېفىتلىك مەشغۇلاتىدىكى جاپا ۋە ھارغىنلىقنى يېقىن ئارىلىقتىن ھېس قىلدى.

«پەقەت قاقاس قۇملۇق بار، مەنىسىز ھايات يوق.» تاجۇك نېفىتلىكىگە بارىدىغان قۇملۇق تاشيولىدا، مۇشۇنداق چوڭ پلاكاتلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. چېن تېڭخۇي تۇنجى كۆرۈشىدىلا، قاتتىق ھەيران قالدى.

«بۇ سانسىزلىغان نېفىتچىنىڭ كىشىلىك ھايات ئېتىقادى ۋە روھىي كارتىنىسى. مەنمۇ ھاياتىمنىڭ مەنىسىز ئۆتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن.» بۈگۈنكى كۈندە، بۇ پلاكاتلار ھېلىھەم قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا، چېن تېڭخۇيمۇ جۇڭگو نېفىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە شىركىتىدىن ئۆز ئىش ئورنىنى تاپتى.

«ئەۋلادمۇئەۋلاد نېفىتچىلار رەت ـ رەت ئابىدىلەرنى تىكلىدى، مەنمۇ ئەجدادلارنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، زامانىمىز ياشلىرىنىڭ قالتىس ھاياتىنى يېزىشنى ئارزۇ قىلىمەن» دېدى چېن تېڭخۇي.

چېن تېڭخۇيغا ئوخشاش شىنجاڭدا قېلىپ خىزمەت قىلىشنى تاللىغان، قاراماي مەكتەپ رايونى نېفىت قۇرۇلۇشى كەسپىنىڭ 2016 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى ۋاڭ يېنىڭ شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتىنى تاللىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: پراكتىكا مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا بېرىپ، شىنجاڭنىڭ گۈزەللىكىنى كۆردۇم، شۇنداقلا بۇ مۇنبەت تۇپراقنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلدىم.

قاراماي مەكتەپ رايونىدا نۇرغۇن دەرەخ بولۇپ، بىر نەچچە يىل ئىلگىرى مەكتەپ قۇرۇلغاندا، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئۆز قولى بىلەن تىككەن. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ دەرەخلەر بوك ـ باراقسان ئۆستى. پۈتكۈل قاراماي شەھىرىگە نەزەر سالساق، ئەۋلادمۇئەۋلاد نېفىتچىلار تىككەن دەرەخلەر ھازىر بوك ـ باراقسان ئۆسۈپ كۆككە تاقاشتى.

«بۇ دەرەخلەر بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزدىكى كىشىلەرگە ئوخشايدۇ، ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن بۇ يەرگە كېلىپ، يىلتىز تارتىپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ، تۆھپە قوشۇپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد توختىماي ئىلگىرىلەۋاتىدۇ!» دېدى قاراماي شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپ، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى تۇك جۇڭخۋا.

## مۇنبەت تۇپراق ئارزۇغا ئىگە ساپ قەلبنى باغرىغا ئېلىش

2018 ـ يىلى، 38 ياشلىق دوتسېنت لى خېيچىڭ پىدائىي بولۇپ قاراماي مەكتەپ رايونىغا مائارىپقا ياردەم بەرگىلى كەلدى. كېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇ ئېلېكترون پەن ـ تېخنىكا داشۆسى ماشىنىسازلىق ۋە ئېلېكتر قۇرۇلۇشى شۆبىسىنىڭ سانائەت قۇرۇلۇشى شىسىنىڭ مۇدىرى ئىدى.

«قەلبىمدە ئىزچىل شىنجاڭغا مېھرىم بار ئىدى، ھەم شىنجاڭنى ياخشى كۆرىمەن، ھەم ماڭا موھتاجتەكلا بىر خىل تۇيغۇم بار ئىدى» دېدى لى خېيچىڭ. مائارىپقا ياردەم بېرىش كېلىشىمىدىكى ۋاقىت بىر يېرىم يىل بىر يېرىم يىل قوشۇش ئىدى، بىرىنچى بىر يېرىم يىللىق مائارىپقا ياردەم بېرىش مۆددىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، داۋاملىق كېلىشىم ئىمزالاشنى ياكى ۋاز كېچىشنى تاللىغىلى بولاتتى، ئەمما ئۇ ھازىر مائارىپقا ياردەم بېرىدىغان ئىككىنچى كېلىشىم مەزگىلىگە كىردى. ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن قاراماي مەكتەپ رايونىدا مېخانىكلىق ئىشەنچلىكلىكى لايىھەلەش دەرسلىكى تەسىس قىلىنىپ، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن جىددىي ئېھتىياجلىق ئىختىساسلىقلار يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى.

«ئەگەر سەن ۋەتەننى سۆيسەڭ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن شەخسنىڭ تەقدىرىنى بىرلەشتۈرۈشۈڭ كېرەك؛ ئەگەر سەن خەلقنى سۆيسەڭ، تۆھپە قوشۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممەڭگە ئېلىشىڭ كېرەك؛ ئەگەر سەن كەسپىڭنى سۆيسەڭ، ئۇنداقتا سەن غەربىي قىسمىنى، شىنجاڭنى تاللىساڭ بولىدۇ، چۈنكى ئۇ يەردە سەن ئېھتىياجلىق تۇپراق بار» لى خېيچىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا دائىم مۇشۇنداق دەيتتى.

«ساۋاقداشلار باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كۆڭلىگە ياشلىق ئارزۇسىنى پۈكۈپ، كىشىلىك ھاياتىنىڭ يېڭى مۇساپىسىگە ئاتلاندى، ئۇ توغراققا ئوخشاش شىنجاڭدا يىلتىز تارتىدۇ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئۆز خىزمەت ئورنىدا ئۆز قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياشلىق باھارىنى جۇلالاندۇرۇشىغا تىلەكداشمەن!» دېدى جۇڭگو نېفىت داشۆسى(بېيجىڭ)نىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى چېن دائىن.

2016 ـ يىلى، جۇڭگو نېفىت داشۆسى قارامايدا مەكتەپ رايونى تەسىس قىلىپ، ئالىي مەكتەپنى نېفىتلىكتە قۇردى، چېن دائىن مەكتەپ رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. ئۇ مۇنداق دېدى: 2018 ـ يىلدىن بۇيان، مائارىپ مىنىستىرلىقى دۆلەت ئىچىدىكى 15 يۇقىرى سەۋىيەلىك مەكتەپنى قاراماي مەكتەپ رايونىنى قۇرۇشقا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە تەشكىللىدى، شىنجاڭ ۋە قاراماي شەھىرىمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى.

«قاراماي مەكتەپ رايونىنى قۇرۇش يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا مۇلازىمەت قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر.» چېن دائىن مۇنداق دېدى: مەيلى قارامايغا ياكى شىنجاڭغا نەزەر سالساق، بۇ مۇنبەت تۇپراقنىڭ ئىختىساسلىقلارغا جىددىي تەشنا ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئىختىساسلىقلارنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، 118 نەپەر ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قاتلىمىدا قېلىشنى تاللىدى.

«قاراماي شەھىرى ئىختىساسلىقلارغا باشتىن ـ ئاخىر قىزغىن قۇچاق ئېچىپ كەلدى.» تۇك جۇڭخۋا مۇنداق دېدى: ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا، قاراماي شەھىرى مەخسۇس تۈر بويىچە مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويۇپ، ھەربىر ئىختىساسلىقنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى بولۇشىغا، نامايان قىلىش سەھنىسى بولۇشىغا، تەرەققىيات بوشلۇقى بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

قاراماي شەھىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئىستاتىستىكا سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، قاراماي شەھىرىدە ئىختىساسلىقلار ئومۇمىي مىقدارى 106 مىڭ كىشىگە يېتىپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ تۆھپە قوشۇش نىسبىتى %33.3كە يەتكەن.

«قاراماي شىنجاڭنىڭ ئىخچام كارتىنىسى، تېخىمۇ گۈزەل شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىد بار!» دېدى لى خېيچىڭ.

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2020 ـ يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بىخەتەر، تەكشى، سىلىق ئاخىرلاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ شىيا** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2020 ـ يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بىخەتەر، تەكشى، سىلىق ئاخىرلاشتى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تىزىملاتقانلار 229 مىڭ 300 ئادەم بولۇپ، 71 ناھىيە(شەھەر، رايون)دە جەمئىي 93 ئىمتىھان رايونى، 235 ئىمتىھان نۇقتىسى تەسىس قىلىندى.

نەچچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا ئالاقىدار خادىملار ۋەزىپىسىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ئەستايىدىل، ئىنچىكە بولۇپ، ئۆلچەملىك مەشغۇلات قىلدى، ئىمتىھان مەيدانىنىڭ تەرتىپى تەرتىپلىك بولۇپ، «ساغلام ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى» «ئادىل ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى» «سەمىمىي ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى» «ئىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى» «تىنچ ـ ئامان ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى» نىشان ـ ۋەزىپىسى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بۇ يىل يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ۋەزىيىتىدىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى نۇقتىلىرىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى، ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مائارىپ ئىمتىھانى ئىشلىرى قوماندانلىق مەركىزىنىڭ 93 ئىمتىھان رايونىدا ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، بىخەتەرلىك، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قاتارلىق ئەھۋاللارنى چارلاپ تەكشۈردى. ھەر دەرىجىلىك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كومىتېتلىرى، مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى تەشكىللەپ يولغا قويۇش خىزمىتىگە ئالدىدا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلدى. ئىمتىھان مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشتىكى ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلار تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇش، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش خىزمەت مېخانىزمىنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا كاپالەتلىك قىلدى، قوغدىدى.

ئىگىلىنىشچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەلىپى بويىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئىمتىھان نۇقتىلىرىدا بىردەك مەخسۇس ئايرىۋېتىلگەن ئىمتىھان مەيدانى تەسىس قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئاپتوموبىلى، قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى ماسلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى تولۇق، يېتەرلىك تەييارلانغان.

ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مۇھىتى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا بولغان مۇلازىمەتنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، ئىمتىھان بېرىشتىن بۇرۇن ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا يېزىلغان بىر پارچە خەت قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى ئەسكەرتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى قوغداش يېشىل يولى»نى ئېچىپ، كىملىكنى، ئىمتىھانغا قاتنىشىش كىنىشكىسىنى ئۇنتۇپ قالغان ۋە قاتناش قىستاڭچىلىقى قاتارلىق قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى جىددىي ئەھۋالدا يول يۇرۇش قاتارلىق قولايلىقلارنى پائال يارىتىپ بەردى؛ «قۇتقۇزۇش يېشىل يولى» ئېچىپ، كاشىلا ۋە قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىغان ئىمتىھان نۇقتىسىغا يەتكۈزۈش ئاپتوموبىللىرىغا قارىتا دەرھال قاتناش ساقچىسى ئەۋەتىپ، تېز بىر تەرەپ قىلىپ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئاپتوموبىل ئالماشتۇرۇپ، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئىمتىھان نۇقتىسىغا يەتكۈزدى؛ «ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش يېشىل يولى» ئېچىپ، 173 مېيىپ ئوقۇغۇچىنى چوڭ خەتلىك ئىمتىھان قەغىزى، ئىمتىھان مەيدانىغا ئالدىن كىرىش، تىڭشىغۇچ تاقاش قاتارلىق مۇۋاپىق قولايلىقلار بىلەن تەمىنلىدى؛ ئىمتىھاندىن بۇرۇن تاسادىپىي يارىلانغان ياكى تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ قالغان 143 ئوقۇغۇچىنى 62 زاپاس ئىمتىھان مەيدانى، تېببىي خادىملار ھەمراھ بولۇش قاتارلىق ئادىمىيلىك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت كاپالەتلىك خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىدى، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا قولايلىق يارىتىپ بەردى ۋە ياردەم بەردى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى ئېنېرگىيە كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭ ئىچىدە بازارلاشتۇرۇپ پۈتۈشكەن توك مىقدارى بەش يىلدا جەمئىي 50 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئاشتى.

2016 ـ يىلى، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە سودا مەركىزى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان سانائەت ئابونچىلىرىلا ئېلېكتر ئېنېرگىيە سودىسى قىلسا بولاتتى، سودا دائىرىسى ۋە كۆلىمى چەكلىك ئىدى. كۆپ تەرەپنىڭ ئورتاق قۇرۇشى ئارقىلىق، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە كۆمۈر، پولات ـ تۆمۈر، رەڭلىك مېتال، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، كىرىمنىي ئاساسلىق يېڭى ماتېرىيال، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى ۋە بۇلۇت ھېسابلاشتىن ئىبارەت يەتتە ساھەدىكى ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئابونچىلىرى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە بازىرىغا كىرىپ بازارلاشتۇرۇپ سودا قىلدى.

2019 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى «تىجارەت خاراكتېرلىك ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئابونچىلىرىنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە بازارلاشقان سودىسىغا قاتنىشىشنى ئومۇميۈزلۈك قويۇۋېتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتتى. «ئۇقتۇرۇش»قا ئاساسەن، ئىجازەت شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىش ئالدىنقى شەرتىدە، ئادەتتىكى سودا ـ سانائەت، يىرىك سانائەت ئابونچىلىرى قاتارلىق ئېلېكتر ئېنېرگىيەگە ئېھتىياجلىق ھەرقانداق ئابونچى ئېلېكتر ئېنېرگىيە بازارلاشقان سودىسىنى قىلسا بولىدۇ.

«بۇ بىرقانچە باسقۇچتىكى ئۆزگىرىشلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە سودىسىنى بازارلاشتۇرۇش تەرەققىيات مۇساپىسىنى نامايان قىلدى، ئېلېكتر ئېنېرگىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىسىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئېلېكتر ئېنېرگىيە بازارلاشقان سودىسىغا تولۇق ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن، بۇ يىل بىز مۇلازىمەت قىلىۋاتقان ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئابونچىلىرى ئىچىدە، يەتتە چوڭ ساھەدىن باشقا 1290 ئابونچى يېڭىدىن كۆپەيدى، ئېلېكتر ئېنېرگىيە بازارلاشقان سودىسىغا قاتنىشىدىغان ئابونچىلارنىڭ سانى زور دەرىجىدە ئېشىپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيە بازىرىنى يەنىمۇ ئاۋاتلاشتۇردى» دېدى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە سودا مەركىزى چەكلىك شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئىچى سودىسىنى تەشكىللەش مەخسۇس مەسئۇلى يى بىڭشىڭ.

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە سودا مەركىزى تىزىمغا ئالدۇرغان تۈرلۈك بازار سۇبيېكتى 3031 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە توك تارقىتىش كارخانىسى 782، توك سېتىش شىركىتى 298، ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئابونچىسى 1951 بولۇپ، بارلىق سانائەت تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.